# بىر قولدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ ئىستىھكامنى ئېلىش  بىر قولدا قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

ياردەم بېرىش - يۆلەش مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، نامرات ئاممىنى ھەقىقىي نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەل قىلغۇچ جېڭىنىڭ بىرىنچى سېپىگە نەزەر ——

### «ھەقىقىي نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇش، قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش»

تەستە قولغا كەلگەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ياخشى ساقلاش دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتىنىڭ چىرا ناھىيەسىنىڭ چىرا بازىرى ياربويى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر باشتىن - ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان ئىش.

ياربويى كەنتىنىڭ يىغىن زالىدىكى تامدا ئالاھىدە بىر پارچە جەدۋەل كىشىنىڭ دىققىتىنى ناھايىتى تارتىدۇ. بۇ جەدۋەلدە ھەربىر ئائىلىدىكى كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، ئائىلە ئەزالىرى، كىرىمى، تۇرۇشلۇق ئادرېسى قاتارلىق ئاساسىي ئۇچۇرلار يېزىلغان بولۇپ، ھەربىر ئائىلىنىڭ ھەممىسىدە بىردىن ئىككىلىك كود بار، يانفوندا سكانېرلاپلا ئائىلە كىرىمى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ.

«خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش.» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى لى مەنشۇ مۇنداق تونۇشتۇردى: ھەر ئايدا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامرات ئائىلىلەرنى بىر قېتىم زىيارەت قىلىپ، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى يىغىلاپ، سانلىق مەلۇماتلارنى ھەرىكەت ھالىتىدە تەھلىل قىلىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش خەۋپى بار ئائىلىلەرگە نۇقتىلىق دىققەت قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، سىياسەت جەھەتتىن قوغداش - ياردەم بېرىش قاتارلىق كۆپ تەرەپتىن بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىدۇق.

بۈگۈنكى كۈندە، بۇنداق ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىپ ئۆلچەش خىزمىتى چىرا ناھىيەسىدە ئومۇملاشتى. «مۇبادا خەۋپ - خەتەر كۆرۈلسىمۇ، نامرات نوپۇسلار چوقۇم ئىشقا ئورۇنلىشالايدۇ، كىرىمى ئازايمايدۇ، قايتا نامراتلىشىپ كەتمەيدۇ.» چىرا ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جىڭ جىنباۋ مۇنداق دېدى: چىرا ناھىيەسى قېپقالغان نامرات نوپۇسلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى داۋاملىق تاماملاپ، تېخىمۇ ئېنىق پىكىر يولى، تېخىمۇ دەل جايىدا بولغان تەدبىر ۋە ئادەتتىن تاشقىرى سالماق بىلەن نامرات نوپۇسلارنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىنى پۇختىلاپ، ھەقىقىي نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇش، قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىكنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

ۋەكىللەر، ئەزالار ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئۈستىدە توختالدى ——

### «نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سۈپىتىگە مۇناسىۋەتلىك»

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكەت ھالىتىدىكى جەريان، ئاز ساندىكى تۆۋەن كىرىملىك ئامما نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، سۇبيېكتىپ، ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قايتا نامراتلىشىپ كېتىشى مۇمكىن.» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى نۇر مەممەت مۇنداق دېدى: قېپقالغان نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان ئاممىنىڭ نامراتلىشىپ كېتىش سەۋەبى تېخىمۇ مۇرەككەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قىيىنلىق دەرىجىسى تېخىمۇ زور بولۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ۋەزىيىتى تېخىمۇ كەسكىن بولۇۋاتىدۇ.

ۋەكىل نۇر مەممەت مۇنداق دېدى: تۆۋەن كىرىملىك ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تولۇق تونۇپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تۆۋەن كىرىملىك ئاممىنىڭ «بىر ئادەممۇ كەم قالماي، بىر ئائىلىمۇ چۈشۈپ قالماي» ماس قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

### «نېمە كەم بولسا شۇنى تولۇقلاش، دەل جايىدا ياردەم بېرىش - يۆلەش»

شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى جيا دېيەنزېڭ مۇنداق قارىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان قاتتىق جەڭدە غەلىبە قىلىشتا، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇھىم ھالقا. قاراتمىلىقى بولغان ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرلىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن قوللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي مۇستەھكەملەش كېرەك.

«نېمە كەم بولسا شۇنى تولۇقلاش پرىنسىپى بويىچە، دەل جايىدا ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش كېرەك.» ئەزا جيا دېيەنزېڭ مۇنداق تەكلىپ بەردى: قايتا نامراتلىشىپ كېتىش خەۋپى بار ئائىلىلەرگە قارىتا ئادەمگە، ئائىلىگە قاراپ دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، ياردەم بېرىش - يۆلەش خىزمىتى بىرتۇتاش پىلانلىنىپ ئالغا سىلجىتىلسا. «ياردەم بېرىش» ئاساسلىقى كېسەل سەۋەبىدىن، ئاپەت سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كەتكەن نامرات ئائىلىلەرگە قارىتىلسا؛ «يۆلەش» ئاساسلىقى ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارى ۋە ئارزۇسى بار ئائىلىلەرگە قارىتىلسا؛ «يېتەكلەش» ئاساسلىقى تەرەققىيات ئاساسى ۋە زاپاس كۈچى بار ئائىلىلەرگە قارىتىلىپ، ئۇلار ئۆزىنى ئەلالاشتۇرۇش، كۈچەيتىشكە يېتەكلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتى مۇستەھكەملەنسە.

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىمنى ئاشۇرالايمەن ——

### «ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورنى مېنىڭ نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشۇمغا ياردەم بەردى»

4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەندە دائىم قۇم - بورانلىق ھاۋا رايى كۆرۈلىدۇ، ياربويى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇخېلىل بەكرىنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپلا تۇنجى قىلىدىغان ئىشى كەنتتىكى قۇياش ئېنېرگىيەلىك فوتو ۋولت تاختىسىنى كۆزىتىپ، فوتو ۋولت تاختىسىدىكى چاڭ - توزانلارنى ۋاقتىدا تازىلاپ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش.

فوتو ۋولتلۇق توك تارقىتىش ئۈسكۈنىلىرىنى يۈرۈشتۈرۈش - ئاسراش خادىمى بولۇش ئابدۇخېلىلنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىلگىرى كېسەل بولۇپ قالغان ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ ئۇزاق مۇددەت سىرتتا ئىشلەشكە ئامالسىز قالغانىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما پەقەت كۈنلۈك ئىشلىيەلەيتتى، ئائىلە كىرىمىنىڭ بىرقەدەر تۇراقسىز بولۇشى ئابدۇخېلىلنىڭ ئەپسۇسلىنىدىغان ئىشى بولۇپ قالغانىدى. خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە تەلىپىنى بىلىپ، مەخسۇس ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش پىلانى تۈزۈپ، ئۇنى كەنتتىكى ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورنىغا ئورۇنلاشتۇردى.

«ئىشىك ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلاشتىم، مەن ناھايىتى قانائەتلەندىم ھەم بۇنى ناھايىتى قەدىرلەيمەن.» ئابدۇخېلىل مۇنداق دېدى: ھېلىمۇ ياخشى خىزمەت ئەترىتىنىڭ ۋاقتىدا ياردەم بېرىشى بىلەن مەن ھەم ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىغان، ھەم كىرىمىمنى ئاشۇرالايدىغان بولدۇم.

«ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىپ ئۆلچەش مېخانىزمى پۈتۈن كەنتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.» لى مەنشۇ مۇنداق دېدى: ھازىر خىزمەت ئەترىتىنىڭ تۈرلۈك دەل جايىدا ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرلىرى تېخىمۇ ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك بولۇۋاتىدۇ، بارلىق ئەترەت ئەزالىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش ئىشەنچى تېخىمۇ تولۇپ تاشتى.

ياخشى تەجرىبە، ئۇسۇللارنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. بۇ يىل چىرا ناھىيەسى 100 مىليون يۈەن مەبلەغ غەملەپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورنى فوندى قىلدى، سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان نامرات ئائىلىلەرنى پەرۋىشكار، يول ئاسراش ئىشچىسى، يۇقۇم مۇداپىئە خادىمى، تازىلىق ئىشچىسى قاتارلىق ئىش ئورۇنلىرى بىلەن تەمىنلەپ، يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا تېخىمۇ كۆپ ئىش ئورنى يارىتىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش خەۋپى بارلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىر ئائىلىدە ئاز دېگەندە بىر ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

# ئاپتونوم رايون مۇھىم، زور سۈپەتلىك قۇرۇلۇشلارنى تېز ئالغا سىلجىتىش سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ دۇڭلەي** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون مۇھىم، زور سۈپەتلىك قۇرۇلۇشلارنى تېز ئالغا سىلجىتىش سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم، زور سۈپەتلىك قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ھەم نۇقتىلىق سۈپەتلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەم ياخشى، ھەم تېز ئىشلىنىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: تۈرلۈك مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، لايىھە، پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تېزلىتىش كېرەك. سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، قۇرۇلۇش قىلىش، لايىھەلەش، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش قاتارلىق ھەرقايسى قۇرۇلۇشقا قاتناشقۇچى ئورۇنلار «باش قەھرىمان»لىق ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆھپە يېزىشتا مەن بولمىسامۇ بولىدۇ، تۆھپە قوشۇشتا چوقۇم مەن بولۇشۇم كېرەك» دېگەن روھ بىلەن، تېخىمۇ كۈچىنى سەپلەپ، كۈچەيتىپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خىزمەت لايىھەسىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، نىشان بەلگىلەپ چەك قىلىپ، خىزمەتلەرنى ھەر ئاي، ھەر ئون كۈن بويىچە ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. قۇرۇلۇشتا دۇچ كەلگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىپ، مەسىلىلەرنى بايقاپ، مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلاردىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش كېرەك. ھەرقايسى ئورۇنلار بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، سۈپەتلىك قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەبلەغنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، سېلىنما سالمىقىنى زورايتىپ، مەركەزنىڭ مەبلىغىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، يەرلىكنىڭ ياندىش مەبلىغىنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەبلەغ ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قۇرۇلۇشلارنىڭ «يېرىم - يارتا» بولۇپ قېلىشىنى قەتئىي توسۇپ، قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قۇرۇلۇشلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا سۈپەت بىخەتەرلىكى «قىزىل سىزىق»نى قاتتىق ساقلاپ، ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى.

ئىككى يىغىن تېز خەۋىرى

# شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى يىغىنغا ئۈچ تەكلىپ، 61 تەۋسىيە تاپشۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى ياك، ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سائەت 12دە 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ سۇنۇش ۋاقتى ئاخىرلاشقانغا قەدەر، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى يىغىنغا ئۈچ تەكلىپ، 61 تەۋسىيە تاپشۇردى.

يىغىندىن بۇرۇن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق قىلدى، تىزىمغا ئالدۇرغاندىن كېيىن ۋە يىغىن مەزگىلىدە، ۋەكىللەر مەسئۇلىيىتىنى پائال ئادا قىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى قاراپ چىقىشنى چۆرىدەپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قايتا - قايتا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مۇزاكىرە قىلىپ، تەتقىق قىلىپ، بىر تۈركۈم تەكلىپ - تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەكلىپ - تەۋسىيەلەر ئاساسلىقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىقلارنى چۆرىدىگەن بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى، مائارىپ، داۋالاش، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. كونكرېت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كېسىم قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تەۋسىيە قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپ؛ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈرمە قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تېزدىن قانۇن چىقىرىش پىلانىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ؛ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەدلىيىلىك باھالاش قانۇنى»نى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ؛ شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مائارىپتا ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋاستىلىرىنى قوللىنىش مۇھىتىنى ياخشىلىشىغا مەدەت بېرىش توغرىسىدىكى تەۋسىيە؛ شىنجاڭغا قارىتىلغان جۆللىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى تەۋسىيە؛ شىنجاڭنىڭ ئايرودروم تورى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۇقراۋى ئاۋىياتسىيەنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە مەدەت بېرىش توغرىسىدىكى تەۋسىيە قاتارلىقلار.

پاتىمە قاتارلىق ۋەكىللەر مۇنداق قارىدى: ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كېسىم قانۇنى» قانۇن چىقىرىش قۇرۇلمىسى جەھەتتە دېگەندەك مۇكەممەل بولمىغاچقا، دۆلىتىمىز ھازىر يولغا قويۇۋاتقان كېسىم تۈزۈمىدە نۇقسان ساقلىنىپ، كېسىم ئەۋزەللىكىنىڭ دۆلىتىمىزدە دېگەندەك تولۇق جارى قىلدۇرۇلماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان كېسىم قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى خەلقئارادىكى ئىلغار كېسىم تۈزۈملىرى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئاممىۋى سەھىيە ساھەسىدە يۇقۇم پات - پات يۈز بېرىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ بۇ قېتىم يۈز بەرگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە ئېغىر، زور زىيان ئېلىپ كەلدى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى مۇنداق تەۋسىيەنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئىلمىي، مۇۋاپىق، ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك بولغان يۇقۇمنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تۈزۈلمە مېخانىزمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، دۆلەتنىڭ ئاممىۋى سەھىيە قۇرۇلۇشى، داۋالاش - ساقلىق ساقلاش پەن تەتقىقات سېلىنمىسى ئاشۇرۇلۇپ، ۋىرۇس تەتقىقاتى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆلچەش سەۋىيەسى ئۆستۈرۈلۈپ، ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى بىلىملىرى تەربىيەسى كۈچەيتىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تاسادىپىي ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلسە.

شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى ئالدىنقى سېپى بولۇپ، جۇڭگو ئىچكى قۇرۇقلۇقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان ئىقتىسادىي بەلباغلىق ئىقتىدارغا ئىگە. ھازىر، پۈتۈن شىنجاڭدا دۆلەت 1 - دەرىجىلىك پورتتىن 17 سى بار، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى مۇنداق تەۋسىيەنى ئوتتۇرىغا قويدى: مەركەز شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ ئايلىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا بولغان مەبلەغ مەدىتىنى ئاشۇرۇپ، چېگرا پورتلىرىنى ئېچىۋېتىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تېز تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئىلگىرى سۈرۈلسە.

# شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىنغا 117 تەكلىپ تاپشۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈنىڭ** بېيجىڭدىن ئۇلاپ بەرگەن خەۋىرى: مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىشتىكى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى ۋە ياخشى روھىي قىياپىتى بىلەن مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، تەكلىپ بېرىش، يىغىندا سۆز قىلىش، گۇرۇپپا مۇزاكىرىسى قىلىش، جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە ئەلرايى ئۇچۇرلىرى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئاكتىپلىق بىلەن پىكىر - تەكلىپ ۋە سىياسىي مەسلىھەت بەردى. ھازىرغىچە، شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىنغا 117 تەكلىپ سۇنۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى چوڭ ۋەزىيىتىنى زىچ چۆرىدەپ ھەقىقىي تەكلىپ بەردى، ياخشى تەدبىر كۆرسەتتى، ئەمەلىي تەدبىر كۆرسەتتى.

شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەر، مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، مەۋقەنى ئىش ئورنى ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، كەسپىي ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن تولۇق پىكىر ئالماشتۇرۇپ، پىكىر - تەكلىپلەرنى بەردى.

ئەزالار پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى داۋاملاشتۇرۇش شارائىتىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات قاتارلىق قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، «دۆلەتنىڭ تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسى»نى تېزدىن مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەھەللە ۋە يېزا - كەنتلەرنىڭ جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش، جىددىي تاقابىل تۇرۇش بىلىملىرى ۋە جىددىي قۇتقۇزۇش ماھارىتىنى مەجبۇرىيەت مائارىپىغا كىرگۈزۈش قاتارلىق پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەزالار دىققەتنى يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى قوللاش، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، قاتناش قۇرۇلۇشى، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق تەكلىپلەرنى سۇنۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى ۋە جىددىي ئېھتىياجىنى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشتى.

ئەزالار خەلق تۇرمۇشىغا رىشتە باغلاپ، يەنە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى زىچ چۆرىدەپ ئەقىل - چارە كۆرسەتتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)